# ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرايلى

## ـــ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

خەلق تارىخنىڭ ياراتقۇچىسى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ كۈچ. مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى ۋە ئىلغار خىزمەتچىلەرنى تەقدىرلەش يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىشچىلار سىنىپى دۆلىتىمىزنىڭ رەھبەرلىك سىنىپى، ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ۋەكىلى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرىدىغان ئاساسىي قوشۇن، دەپ چوڭقۇر كۆرسىتىپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

پارتىيە ۋە دۆلەت باشتىن ـ ئاخىر ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئورنىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بەردى. ئۇزاقتىن بۇيان، پارتىيە رەھبەرلىكىدە، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىا ۋەتەن بىلەن تەڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇلۇغ مۇساپىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتا ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇردى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، قىيىن كۈنلەردە بىللە بولۇپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جېڭى، توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىگە پائال ئاتلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرىشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىنى قولغا كەلتۈرۈش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاشتا پائال نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن گەۋدىلىك تۆھپە قوشۇپ، جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ كۈچىنى تولۇق نامايان قىلدى.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويىدۇ، بۇ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىش باسقۇچى بولۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، تاشقى مۇھىتتا تېخىمۇ كۆپ مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆرۈلمەكتە، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىدا تەڭپۇڭ بولماسلىق، يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسى يەنىلا گەۋدىلىك. مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، كىرزىس ئىچىدە پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، ئۆزگىرىش داۋامىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتا، جەزمەن ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىغا چىڭ تايىنىش كېرەك. يېڭى مۇساپىنى باشلاش، يېڭى غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتە، ئاساسىي جەھەتتىن ئەمگەككە تايىنىش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە تايىنىش كېرەك. دەل باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «دەۋر شارائىتىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز باشتىن ـ ئاخىر ئەمگەككە قەدىرلىشىمىز، ئەمگەكچىلەرنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا باشتىن ـ ئاخىر ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.» شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش كېرەككى، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە ئورتاق ئارزۇسىغا ئۇيغۇن، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىا قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، ئىرادىسىدىن قايتماي پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشى، ياخشى باش قەھرىمان بولۇپ، يېڭى دەۋردە تۆھپە يارىتىشى كېرەك.

دۆلىتىمىز خەلق ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىا دۆلەتنىڭ ئىگىسى. سىياسىي نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى، سادىق ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگۈچىلىرىدىن بولۇش كېرەك. ئېسىل ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، تارىخىي بۇرچنى زىممىگە ئېلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت بېكىتكەن كۆرەش نىشانىنى ئۆزىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش نىشانى قىلىپ، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىنى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسى قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا كىشىلىك تۇرمۇش غايىسى، ئائىلە بەختىنى دۆلەتنىڭ بېيىشى، قۇدرەت تېپىشى، مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا سىڭدۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى ئارزۇغا ئىنتىلگۈچىلەردىن بولۇش كېرەك. مەۋقەنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە قويۇپ، مەۋقەنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە ئائىت تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسى، مۇھىم، زور قۇرۇلۇشلىرى، مۇھىم، زور تۈرلىرى، نۇقتىلىق كەسىپلىرىنى چۆرىدەپ، ئەمگەك ۋە ماھارەت مۇسابىقىسىنى كەڭ، چوڭقۇر، سىجىل، ئۈزلۈكسىز قانات يايدۇرۇپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك يېڭىلىق يارىتىش پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك. تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى ۋە مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، دۆلەت قۇدرەت تاپسا، مىللەت گۈللىنىسە، كۆپچىلىكنىڭ ئاندىن بەختلىك بولىدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ، شەخس بىلەن كوللېكتىپ، ھازىر بىلەن كەلگۈسى، قىسمەنلىك بىلەن ئومۇملۇقنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ئاڭلىق ھالدا چوڭ ۋەزىيەتنى قوغداپ، چوڭ ۋەزىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ، ئىناقلىق ئامىللىرىنى ئەڭ زور چەكتە كۆپەيتىش، ئىناقسىزلىق ئامىللىرىنى ئەڭ زور چەكتە ئازايتىش كېرەك. ئىتتىپاقلىقنىڭ كۈچ ئىكەنلىكى، ئىتتىپاق بولغاندىلا ئاندىن ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولىدىغانلىقىدەك داۋلىنى چوڭقۇر تونۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىش، ئۆزئارا ياردەملىشىپ دوستانە ئۆتۈش روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئىشچىلار سىنىپى بىلەن باشقا ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشتىكى ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىپ، باشتىن ـ ئاخىر پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى مۇستەھكەم تايانچ كۈچ بولۇش كېرەك.

بىز تۇرۇۋاتقان دەۋر كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدىغان ئۇلۇغ دەۋر، بىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلار بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىشلار، بىز ھازىر قىلىۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرى بارلىق خەلقنىڭ ئورتاق ئىشى. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك پۈتۈن ۋەزىيىتى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئىشچىلار سىنىپى ۋە كەڭ ئەمگەكچى ئاممىنىڭ ئاساسىي قوشۇنلۇق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك ئىرادىنى ساقلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي ئالغا ئىلگىرىلىسەكلا، بىز چوقۇم ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تىنچ ـ ئامان جۇڭگو قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قانۇنچىللىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئورتاق بەرپا قىلىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى، ئۇل خىزمەت، ئاساسىي ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىستېمىلىق ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، ئۈنىۋېرسال تۈزەش، مەنبەدىن تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئامانلىق بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەدىكى تىنچ ـ ئامان شىنجاڭ قۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

يىغىندا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلات ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، «13 ـ بەش يىل»نى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، «14 ـ بەش يىل»نى ئىلمىي پىلانلاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. دائىملاشقان ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى تۇتۇپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت بالدۇر» تەدبىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك. خەلق تۇرمۇشىغا يېقىنلىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى، خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تەرەققىيات شەكلىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىپ، سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزىتىپ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈلۈم ـ مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سىياسەتنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى قاتتىق تۇتۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىشقا تۈرتكە بولۇش، كىرىمنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقى، ئۇزاققىچە مۇقىملىقىنى ساقلاپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، مۇقىملىق پايدىسىنى سىجىل قويۇپ بېرىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹مۇھىم يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىغا كاپالەتلىك قىلىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر›نى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» قاراپ چىقىلدى.

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفىي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

# «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى مۇستەھكەملەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا كونسۇلتاتسىيە دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپ سارقىت ئاقان يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

لى پېڭشىن مەخسۇس تېمىدىكى كونسۇلتاتسىيە دوكلاتىدا مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلىتىمىز «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنىڭ تارىخىي كېسىشىش نۇقتىسىدا، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگىرىۋاتقان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئاچقان پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر قېتىملىق مۇھىم يىغىن. يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىلمىي ئىگىلەپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۇكسەكلىكىدىن يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىش پىلانلاندى، بۇ، ئىنتايىن مۇھىم، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە ئىنتايىن چوڭقۇر، ئۇزاق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ياخشى ئۆگىنىپ، كەڭ ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۇكسەك سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقى بىلەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مىللەت، دىن ۋە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، «بەشنى قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق مەنىۋى يۇرت ـ ماكانىنى قۇرۇپ چىقىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭى تەربىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى توغرا دۆلەت قارىشى، تارىخ قارىشى، مىللەت قارىشى، مەدەنىيەت قارىشى، دىن قارىشى تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىنلارنىڭ ساغلام تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ كەڭ ئالاقىلىشىشى، ئومۇميۈزلۈك ئالماشتۇرۇشى، چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنى بىللە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلىش، پاراڭلىشىش، قىيىن ئىشلارنى ھەل قىلىش، ھاللىق جەمئىيەتكە ئاتلىنىش داۋامىدا بارغانسېرى يېقىنلاشتۇرۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنداق كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە. ئۆگىنىش بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ياخشى تۇتۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى چىڭ كۆزلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ قايتا كۆرۈلمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# شەھەر تېز سۈرئەتلىك يولى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى كۈچلۈك قاتناش كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

G216 لىنىيەسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەلىكىدىن ئۆتىدىغان تاشيول بۆلىكى (شەرقىي 2 ـ ئايلانما) تۈرى تۇرپان ـ ئۈرۈمچى ـ داخۇاڭشەن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى شاڭشاخې ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى ئورنىدىن باشلىنىپ، غەربتە ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ شىمالىي ئالاقىلىشىش لىنىيەسى بىلەن تۇتىشىدۇ، ئاخىرقى نۇقتىسى ئۈرۈمچى ـ كۈيتۇن يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ ساڭفاڭگوۋ ئۆزئارا تۇتىشىدىغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈكىدىن شىمالغا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇنغا جايلاشقان، ئاساسىي لىنىيەنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 43 كىلومېتىر، قوش يۆنىلىشلىك سەككىز ئاپتوموبىل يولى تېز سۈرئەتلىك يول ئۆلچىمىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ مىدۇڭ رايونى، شىمگۇ رايونى، تىيانشان رايونى، سايباغ رايونى قاتارلىق كۆپلىگەن رايونلىرىنى كېسىپ ئۆتىدىغان قاتناش غول يولى ھېسابلىنىدۇ.

شۆھرەت زاكىر ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ G216 لىنىيەسىنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرى تەۋەلىكىدىن ئۆتىدىغان تاشيول بۆلىكى (شەرقىي 2 ـ ئايلانما) قۇرۇلۇش تۈرىدىكى شاڭشاخې ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى، قەشقەر يولى ئۆزئارا تۇتىشىدىغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈكى، گۈەنيۈەن يولى ئاسما كۆۋرۈكى، قارلىغاچلىق شىمالىي ئاسما كۆۋرۈككە كېلىپ، ئومۇمىي تۈر، ھەرقايسى ئۆزئارا تۇتىشىدىغان ئۆتۈشمە كۆۋرۈك تۈرلىرىنىڭ شەھەر رايونى بىلەن تۇتىشىشى، شەھەر يول تورى قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شەھەر قاتناش تورىنى ئەلالاشتۇرۇپ، قاتناش قىستاڭچىلىقىنى ئۈنۈملۈك پەسەيتىش شەھەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بۇ تۈرلەر پۈتۈپ قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ جەنۇب ـ شىمال يوللىرىنىڭ قاتناش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يول تورى قۇرۇلمىسى ۋە قاتناش شارائىتىنى ياخشىلاپ، ئۈرۈمچىدە يىغىلىش ـ تارقىلىش ۋە ئۈرۈمچى تەۋەلىكىدىن ئۆتىدىغان قىسمەن قاتناش ئېقىمىنى ئۈنۈملۈك تارقاقلاشتۇرۇپ، شەھەر مەركىزى بىلەن ئەتراپتىكى رايونلارنىڭ بوشلۇق ئالاقىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى رايونلارنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ئىشلىرىنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۈرۈمچى شەھىرى ۋە ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە بىرلەشتۈرۈپ، زىچ ھەمكارلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، تۈر قۇرۇلۇشى سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، تۈرنىڭ بالدۇرراق پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىپ، زامانىۋى ئۇچۇرلاشتۇرۇش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق قاتناش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، قاتناش باشقۇرۇشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. سىستېمىلىق پىلانلاپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئۈنىۋېرسال ترانسپورت چوڭ يولى، ئۈنىۋېرسال قاتناش تۈگۈنى ۋە ئەشيا ئوبوروتى تورىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر قاتناشنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىنى ئومۇميۈزلۈك ئاشۇرۇپ، رايون قاتناش تۈگۈنىنىڭ يېتەكلەش ۋە تىرەك بولۇش رولىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇشنى كۈچلۈك قاتناش ـ ترانسپورت كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چۇڭجيۇ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا قاتناشتى.